


دوكتۇر ئانا سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىلەر

ۋاكاكا بىلەن ئېيتىشىنىڭ

ئۇچار بېلىققا ئۆزگىرىشى

# ئۇچالايدىغان بېلىق

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

会飞翔的鱼：维吾尔文 / 黎程程编；玛尔江·吾买尔译. -- 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社, 2011.5
（博士妈妈讲故事）
ISBN 978-7-5469-1357-5

Ⅰ. ①会… Ⅱ. ①黎… ②玛… Ⅲ. ①连环画 – 作品 – 中国 – 现代 Ⅳ. ①J228.4

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2011)第 088967 号

丛 书 名　博士妈妈讲故事
书　　名　会飞翔的鱼
主　　编　黎程程
译　　者　玛尔江·吾买尔
责任编辑　迪丽努尔·阿布都热合曼
责任校对　古丽巴哈尔·托合塔木
制　　版　乌鲁木齐标杆集书刊设计有限公司
出　　版　新疆美术摄影出版社
　　　　　新疆电子音像出版社
发　　行　新疆新华书店
印　　刷　新疆新华印刷厂
开　　本　880 mm × 1230 mm　1/24
印　　张　2
版　　次　2011 年 5 月 第 1 版
印　　次　2011 年 6 月 第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-5469-1357-5
总 定 价　58.00 元（全十册）



ۋاكاكا بىلەن ئەيشىشى دەننى تاغىسىنىڭ ئۆيىگە كىلىپ، ئىشىكنى چېكىپ: «دەننى تاغا، دەننى تاغا!» دەپ توۋلاپتۇ. ئەيشىشى ئىشىكنىڭ ئوچۇقلىقىنى كۆرۈپ:

— ئاكا، بىز كىرىپ باقايلى، — دەپتۇ.



ئەيشىشى بىر ئاز غەلىتىلىك ھېس قىلىپ، ئۆز - ئۆزىگە: «تاغام ئۆيدە يوق ئوخشايدۇ» دەپتۇ. دەننى تاغا دېڭىز - ئوكيان ئىنژېنېرى بولۇپ، ئۇ نۇرغۇنلىغان كەشپىياتلارنى ياراتقان ئىكەن.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



تۇيۇقسىز، ۋاكاكا يېڭى چوڭ قۇرۇقلۇقنى بايقىغاندەك خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ ئاجايىپ بىر خىل ماشىنىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ھاياجانلانغان ھالدا ئەيشىشىگە:

— قارا، ئاۋۇ نېمە؟ — دەپتۇ. ئەيشىشمۇ ھەيران بولۇپ:

— شۇ ئەمەسمۇ، مەن ئەزەلدىن بۇنى كۆرۈپ باقمىغانىكەنمەن، — دەپتۇ.



www.uyghurkitap.com



ۋاكاكا كۆڭلىدە: بۇ چوقۇم ھېلىقى «خىيالىي ساياھەت ماشىنىسى»، دەپ ئويلاپ ھاياجانلانغان ھالدا پەس ئاۋازدا: «ھا، ھا، مەن چوڭ لەھەڭگە ئايلىنىدىغان بولدۇم» دەپتۇ.



ۋاكاكا ماشىنىنىڭ ئورۇندۇقىغا ئولتۇرۇپ، قېنىق كۆك رەڭلىك تۆمۈر قالپاقنى كىيىپتۇ. ئۇ ئەيشىشنىڭ بىر چەتتە تەقەززارلىق بىلەن قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— سەنمۇ كېلىپ ئولتۇرغىن، بەك راھەت ئىكەن، — دەپتۇ.

— بۇنى نېمىگە ئىشلىتىدىغاندۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئەيشىشى ماشىنىغا قىزىقىپ.

ئۇيغۇر كىتاب ئۆرىيكتى www.uyghurkitap.com

— سىزنىڭ جۇڭگوغا بەك بارغۇڭ بار ئىدىغۇ؟ مەن سىزنى ھازىرلا ئاپىرىپ كېلەي، — دەپتۇ ۋاكاكا سىرلىق قىلىپ.

— ھە، قىنى كۆرەمدۇق؟ — دەپ سوراپتۇ ئەيشىشى ئاكىسىنىڭ گېپىنى چۈشىنەلمەي.



ۋاكاكا يېشىل رەڭلىك كۇنۇپكىسى بار يەڭلىكنى ئۆزىنىڭ بىلىكىگە تاقاپتۇ، قىزىل رەڭلىك كۇنۇپكىسى بار يەڭلىكنى ئەيشىشگە بېرىپتۇ. لېكىن، ئۇ، يەڭلىكتىكى كۇنۇپكىنىڭ قانداق رولى بارلىقىنى بىلمىگەچكە: بۇ كۇنۇپكىنى نېمىگە ئىشلىتىدىغاندۇ؟ دەپ ئويلاپتۇ.



www.uyghurkitap.com



ۋاكاكا بىلەن ئەيشىشى تولۇق قوراللىنىپ بوپتۇ. ۋاكاكا ماشىنىدىكى كۇنۇپكىلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ئۆز - ئۆزىگە: «بۇنچىۋالا كۆپ كۇنۇپكىلار ئىچىدە قايسىسىنى بېسىش كېرەك؟ ھە، بۇ بىرئاز ئوخشاپ تۇرىدۇ» دەپ پىچىرلاپتۇ.

ۋاكاكا بىر كۇنۇپكىنى كۆچەپلا باسقان ئىكەن، ئول-
تۇرغان ئورۇندۇق قاتتىق سىلكىنىپتۇ، بېشىدىكى تۆمۈر
قالپاقنىڭ كىچىك چىرىغىمۇ يېنىپتۇ، ۋاكاكا خۇشاللى-
قىدىن كۈلۈپ كېتىپتۇ:

— پاھ، بەك قىزىقارلىق ئىكەن، ھا، ھا، ھا...



www.uyghurkitap.com




ۋاكاكانىڭ كۆڭلىدىن بىر ئىش كېچىپتۇ ـ دە، چوڭ قىزىل كۇنۇپكىنى باسماقچى بولۇپ قولىنى ئۇزىتىشىغا ئەيشىشى:

ــ ئاكا، مەن بەك قورقۇپ كېتىۋاتىمەن، ــ دەپ كۆزلىرىنى ئېتىۋالغىنىچە توۋلاپ كېتىپتۇ.

بىپايان دېڭىزدا ئىككى كىچىك ئۇچار بېلىق ئەركىن ئۈزۈپ يۈرەتتى...

ئەسلىدە، دەننى تاغىنىڭ «خىيالىي ساياھەت ماشىنىسى» ۋاكاكا بىلەن ئەيشىنىنى ئوماق كىچىك ئۇچار بېلىققا ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىكەن.



www.uyghurkitap.com



ۋاكاكا ناھايىتى غەلىتىلىك ھېس قىلىپ، ئەيشىشىدىن:

ــ نېمە ئىش بولدى؟ بىز نېمىشقا دېڭىزدا يۈرىمىز؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ مەنمۇ بىلمىدىم، دەننى تاغىنىڭ ماشىنىسى «گۈر» قىلىشىغىلا، ئۇخلاپ قاپتىمەن، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەيشىشى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ۋاكاكا بىردىنلا چۈشەنگەندەك، بېشىغا بىرنى ئۇرۇپ قويۇپ:

— مەن چۈشەندىم، دەننى تاغىنىڭ «خىيالىي ساياھەت ماشىنىسى» بىزنى بېلىققا ئايلاندۇرۇپ قويۇپتۇ، — دەپتۇ.

— خىيالىي ساياھەت ماشىنىسى؟ — دەپتۇ ئەيشىشى نېمىدۇر بىرنەرسە ئېسىگە كەلگەندەك.

— دەل باياتىنقى بىز ئولتۇرغان «خىيالىي ساياھەت ماشىنىسى»چۇ، ئۇ ئادەمنى ھەر خىل دېڭىز ھايۋانلىرىغا ئايلاندۇرالايدۇ، — دەپ چۇشەندۇرۇشكە باشلاپتۇ ۋاكاكا. ئەيشىشى بۇنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدا چاۋاك چېلىپ كېتىپتۇ:

— ۋاھ، بۇ ھەقىقەتەن كارامەت ئىش بولدى!



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ۋاكاكا ئەيشىشىنىڭ بەدىنىدىكى قاناتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ سوراپتۇ:

— ھوي، بۇ نېمىدۇ، بىز قۇشقا ئۆزگىرىپ قالدۇقمۇ؟

ئەيشىشى بىر ۋاكاكاغا، بىر ئۆزىگە قارىۋېتىپ:

— ئاكا، بىز ئۇچار بېلىققا ئايلىنىپ قاپتۇق، — دەپتۇ.

ۋاكاكا ئۇچار بېلىقا ئايلىنىپ قالغانلىقىدىن بىرئازمۇ خۇشال بولماپتۇ، ئۇ ئاغزىنى

ئۇمچەيتىپ:

— نېمىشقا چوڭ لەھەڭگە ئۆزگەرمىگەندۇق؟ مەن كۇنۇپكىنى يەنە بېسىپ كۆرەي، دەننى تاغا

بىزنى چوڭ لەھەڭگە ئايلاندۇرۇپ قويسۇن، — دەپتۇ.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

ۋاكاكا سول قانىتىغا چىگىپ قويغان كۇنۇپكىنى بېسىپتۇ، شۇئان ئۇنىڭ قانىتى توك سوقۇۋەتكەندەك قاتتىق سىلكىنىپتۇ. ۋاكاكا ئاغرىققا چىدىماي تووۋلاپ كېتىپتۇ:

ــ ۋايجان، بەك ئاغرىپ كەتتى.

ئەيشىشى ئالدىراپ ـ تېنەپ ئاكىسىغا:

ــ ئاكا، كۇنۇپكىنى قالايمىقان باسما! ــ دەپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ۋاكاكا قاناتلىرىنى كەڭ ئېچىپ، غادايغىنىچە:

— بومۇ بولغىنى، قانىتىم بولسا ئۇچالايمەن، قانداق ياخشى، — دەپتۇ. ئەيشىشى بولسا ئاغزىنى ئۇمچەيتىپ:

— لېكىن، مېنىڭ چىرايلىق كۆينىكىم، ئۆرۈمە چاچلىرىم يوق بولدى ـ دە، مېنىڭ هازىرقى تۇرقىم نېمىدېگەن سەت، — دەپتۇ.



ۋاكاكا ئەيشەنىڭ كۆڭلىنىڭ يېرىم بولىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىپتۇ:

— سىڭلىم، دېڭىزغا كېلىپ ئوينىساق ياخشى ئەمەسمۇ؟

ئەيشە يەنىلا خۇشال بولالماپتۇ:

— دادامنى، ئانامنى بەك سېغىنىپ كەتتىم.



ۋاكاكا سىڭلىسىنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن، بەدىنىنى سەل ئالدىغا قىلىپ، قاناتلىرىنى يېيىپ تۇرۇپ:


— مەن ساڭا ئۇچۇش ماھارىتىنى كۆرسىتىپ بېرەي، بولامدۇ؟ — دەپتۇ.

ئەيشىشى تېخىمۇ قورقۇپ:

— ئاكا، قالايمىقان ئىش قىلمىساڭچۇ، — دەپتۇ.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى



— بىز، گەرچە ئۇچار بېلىق بولساقمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇچالمايدىغان تۇرساق، — دەپتۇ ئەيشىشى. سىڭلىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ۋاكاكا ئىنتايىن ئۈمىدسىزلىنىپتۇ. ئۇ ئاغزىنى ئۈمچەيتىپ:

— ئۇچار بېلىقمىش، يا ئۇچالمىسا، ئۇنى ئۇچار بېلىق دەپ نېمە قىلىدۇ! — دەپتۇ. بىر چەتتە قاراپ تۇرغان كىچىك بېلىق، راكلار گەپ قىستۇرۇشۇپتۇ:

— شۇ ئەمەسمۇ، بېلىقنىڭ ھەممىسى سۇدا ئۈزىدىغان تۇرسا.

— سىلەرنىڭ قانىتىڭلار پەقەت چىرايلىق بولۇش ئۈچۈنمىدۇ؟



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





ۋاكاكا بىر قانىتىنى كۆتۈرۈپ:

— بىز ئۇچار بېلىقلار كۆكرەك پالاقچىمىزغا تايىنىپ ھاۋادا ئۆرلەپ - پەسلەپ ئۇچىمىز، سۇدىن ئايرىلغان ۋاقتىمىزدا، ئالدى بىلەن سۇ ئىچىدە تېز سۈرئەتتە ئۈزىمىز، بىزنىڭ كۆكرەك پالاقچىمىز بەدىنىمىزنىڭ ئىككى تەرىپىگە چىڭ چاپلاشقان بولۇپ، سۇ ئاستى كېمىسىگە ئوخشاش تۇراقلىق ھالدا ئۇستىگە كۆتۈرۈلىدۇ. بىز يەنە قۇيرۇقىمىز بىلەن سۇنى كۈچەپ ئىتتىرىمىز، بۇ چاغدا پۈتۈن بەدىنىمىز خۇددى ھاۋاغا قارىتىپ ئاتقان ئوقتەك سۇ يۈزىگە ئېتىلىپ چىقىدۇ. ئارقىدىنلا ھەم ئۈزۈن، ھەم جۇلالىق كۆكرەك پالاقچىمىز ۋە قورساق پالاقچىمىز بىزنى تېز سۈرئەتتە ئالدىغا قاراپ ئۇچۇرىدۇ، — دەپتۇ.



ــ ئەمەلىيەتتە، ئۇچار بېلىق «قانات»
قاقالمايدۇ. بىز ئۇچۇشتا قۇيرۇقىمىزنىڭ
ئىتتىرىش كۈچىگە تايىنىمىز. شۇڭلاشقا قۇيرۇق
پالاقچىمىز بىزنىڭ ئۇچۇشىمىزدىكى
ھەرىكەتلەندۈرگۈچ ماشىنا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ــ
دەپتۇ ئەيشىشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ۋاكاكا ئەيشىشىنىڭ دىگەنلىرىنى ئاڭلاپ ئاغزىنى ئۇمچەيتىپ:

— قانتى بار تۇرۇقلۇق ئىشلىتەلمەيدىكەن، نېمىدېگەن دۆت بىلىقتۇ، — دەپتۇ.

ئەيشىشى بۇنداق ئويلىماپتۇ، ئۇ:

— ئاكا، سەن ئۇچار بېلىقلارنى بوش چاغلىمىغىن جۇمۇ، هازىر بىز تېز ئۈزەلەيمىز، هەم ئېگىز، هەم يىراق ئۇچالايمىز، يەنى ئاسمانغىمۇ چىقالايمىز، دېڭىزغىمۇ شۇڭغىيالايمىز، بۇنداق بولسا نېمىدېگەن ئەركىن، نېمىدېگەن پەيزى ـ هە، — دەپتۇ.



www.uyghurkitap.com

ۋاكاكا بېلىقنىڭ ئاسماندا ئۇچالايدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئىنتايىن ھەيران بوپتۇ، لېكىن يەنىلا ئىشەنمەستىن:

— سىڭلىم سەن تۇرۇپ تۇرغىن، مەن ئۇچۇپ سىناپ باقاي، — دەپتۇ.

ئەيشىشى خۇشال بوپتۇ:

— ياخشىغۇ، ئۇچۇش دېگەن ئۇچار بېلىقنىڭ كارامىتى.





كۆتۈلمىگەندە ۋاكاكا سۇ يۈزىگە ئېتىلىپ چىقىپ ھاۋا بوشلۇقىدا بىرلا موللاق ئېتىپ ئۇدۇل پەسكە چۈشۈپتۇ، ئۇ ھودۇققىنىدىن توۋلاپ كېتىپتۇ:

— چاتاق بولدى، قۇتقۇزۇڭلار!

ئەيشىشى قورۇققىنىدىن: «ۋايجان!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئاغزىنى مەھكەم ئېتىۋاپتۇ. بېلىق، راكلارمۇ جىددىيلىشىپ بىر ـ بىرىدىن سورىشىپتۇ:

— نېمە بولدى؟

— چاتاق چىقتىمۇ؟

www.uyghurkitap.com



ۋاكاكا سوغا چوشكەندە بېشى قاتتىق ئاغرىپ كېتىپتۇ، ئۇ ئاغرىغان ئورۇننى سىيلاپ تۇرۇپ ئازابلانغان هالدا:

— ۋايجان، ۋايجان! ئەجەب ئاغرىدىغۇ، — دەپتۇ. ئەيشنىشى دەرهال كېلىپ:

— ئاكا، ساڭا هېچ ئىش بولمىغاندۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. بىر چەتتە قاراپ تۇرغان بېلىق، راكلار ئۇنى زاڭلىق قىلىشىپتۇ:

— هى، هى، هى، ئۇ نېمىدېگەن دۆت - هە! ئۇنىڭ قانىتىنىڭ كېرىكى يوق ئىكەنغۇ.

— بۇنى ئۇچالايمەن دېگىنى بولامدۇ؟ — دەيتۇ ۋاكاكا ئىنتايىن مەيۈسلەنگەن هالدا. ئەيشىشى بولسا ئاغرىنغاندەك:

— ئاكا، سەن بەك قارامكەنسەن، سۈدىن چىققاندىن كېيىن قانىتىڭنى ئېچىشنى نېمىشقا ئۇنتۇپ قالدىڭ؟ — دەپتۇ. بېلىقلار بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تەڭلا ۋارقىرىشىپ كېتىپتۇ:

— هە، ئۇ هەتتا بۇنىمۇ بىلمەيدىكەندە؟

— ئۇ نېمىدېگەن دۆت ـ هە!

— بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى «پالاكەت بېلىق» دېسەك بولغۇدەك.





ۋاكاكا تونجى قېتىملىق ئۇچۇشىدىلا مەغلۇپ بولغانلىقىدىن خىجىل بوپتۇ. ئەمدىلىكتە يەنە بېلىق، راكلارنىڭ مەسخىرىلىك گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئاچچىقى كېلىپ يېرىلىپ كېتەيلا دەپ قاپتۇ. ئۇ قانىتىنى مۇشت تۈگكەندەك تۈگۈپ، بېلىق، راكلارغا:

— ھىم، ئەجەب ئاچچىقىمنى كەلتۈردىڭلار، سىلەرنى قانداق ئەدەپلەيمەنكى! — دەپ ۋارقىراپتۇ. بېلىق، راكلار ۋاكاكانىڭ ياۋۇز ئەپتىدىن قورقۇپ كېتىپ دەرھال ئاغزىلىرىنى يۇمۇپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندىسى

ۋاكاكا يېڭىلىپ قالغانلىقىغا تەن بەرمەپتۇ:

— قايتىدىن ئۇچۇپ بېرەي! بۇ قېتىم ئۇچالماسلىقىمغا ئىشەنمەيمەن.


— ئاكا، غەيرەت قىل! — دەپتۇ ئەيشىشىمۇ ۋاكاكانى رىغبەتلەندۇرۇپ.

ۋاكاكا تولۇپ تاشقان غەيرىتى بىلەن ئاسمانغا قاراپ ئۇچۇپتۇ. ئۇ كۆپكۆك ئاسماندا قاناتلىرىنى كەڭ يېيىپ ئېگىز ئۇچۇپ، خۇشاللىقىدىن: «ۋاھ، مەن ئۇچالىدىم! ...» دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ. سۇدىكى بېلىق، راكلار ئۇنىڭ ئۇچقىنىنى كۆرۈپ، ھەيران بولۇپ ھاڭۋېقىپ قاراپ قاپتۇ:

— پاھ، ئۇ راستىنلا ئۇچالىدىغۇ؟!

— نېمىدېگەن تېز ئۇچقان - ھە.

— غەلىبە قىلدى، غەلىبە قىلدى، ئاكام غەلىبە قىلدى! — دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ ئەيشىشمۇ ھاياجىنىنى باسالماي.




ۋاكاكا باشقىلارنىڭ ئالدىدا بېشىنى كۆتۈرۈپ، مەيدىسىنى تىك تۇتۇپ ئىنتايىن پەخىرلىنىپتۇ.

— ئاكام ئۇچالايدىغان بولدى، ئاكام بەك قالتىسكەن، — دەپتۇ ئەيشىنىسى ئالقىش ياڭرىتىپ.

— ئۇچار بېلىق ئاكىمىز ئەجەبمۇ ئېگىز ئۇچىدىكەن، نېمىدېگەن قالتىس ھە! — دەپتۇ بېلىق، راكلارمۇ.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



— ئاكام بەك قالتىس، ئۇ ھەم ئېگىز، ھەم يىراق ئۇچتى، — دەپ ئاكىسىنى ماختاپتۇ ئەيشىشى.

— قۇشلارمۇ مەندەك ئېگىز ئۇچالمايدۇ! — دەپتۇ ۋاكاكامۇ پەخىرلىنىپ. بېلىق، راكلار تەرەپ - تەرەپتىن:

— نېمانداق لاپ ئۇرىسەن، يا راست ئۇچالمىساڭ، مېنىڭچە بۇ ئوچۇقلا پو ئاتقانلىق، — دېيىشىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋاكاكا بېلىق، راكلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئىنتايىن خاپا بولۇپ، ئۇلارغا تەھدىت سېلىپتۇ:

— ھىم! سىلەر يەنە قالايمىقان سۆزلەيدىغان بولساڭلار، مەن سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىمۇ قويماي يەۋېتىمەن!

ئەيشىشى تېزدىنلا ئۇنى توسۇپ:

— ئاكا، بۇنداق قوپاللىق قىلمىساڭچۇ، — دەپتۇ. بىر چەتتە تۇرغان بېلىق، راكلار ۋاكاكانىڭ گېپىدىن چۆچۈپ يىراقلارغا بېرىپ مۆكۈنۈۋاپتۇ.



ۋاكاكا يەنە بىر قىيتىم ئۇچۇپتۇ، ئۇ سەل ھالسىرلانغاندەك بوپتۇ، قورسىقىمۇ ئىچىپ كورۇلداپ كىيتىپتۇ. ئۇ قورسىقىنى سىيلاپ تۇرۇپ:

ــ ۋايجان، قورسىقىم ئەجەبمۇ ئىچىپ كەتتى، پىسا قاتلىمىسىنى بەكمۇ يىگۈم كىلىپ كەتتى، ــ دەپتۇ. ئەيشىشى ۋاكاكاغا قاراپ كۈلۈپ كىيتىپتۇ:

ــ ھى، ھى، ھى، ئاكا ھازىر بىز دېڭىزدىكى ئۇچار بىلىق، نەگە بىرىپ پىسا قاتلىمىسىنى تاپىمىز؟



www.uyghurkitap.com

ۋاكاكا ئەيشىشنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ خىجىل بولغان هالدا:

— ۋايجان، پەقەتلا چىدىيالمىدىم... بولمىسا مەن بىرىپ كىچىك بىلىقنى تۇتۇپ ئەكىلىپ، يېگۈدەك نېمە بارلىقىنى سوراپ باقاي؟ — دەپتۇ. ئەيشىشنىڭ تازا ئاچچىقى كەپتۇ:

— ئاكا، سەن ئەجەبمۇ غەلىتە ئىكەنسەن، نېمىشقا دائىم قالايمىقان گەپ قىلىسەن؟



ــ دەننى تاغا ئۇچار بىلىق تۇپلىشىپ ياشايدۇ،
دېگەندى، ئۇلار نېمە يېسە بىزمۇ شۇنى يېسەك
بولمىدىمۇ؟ ــ دەپ تەكلىپ بېرىپتۇ ئەيشىشى.
ــ بولىدۇ، ياخشى ئامال بولدى! ــ دەپتۇ ۋاكاكا
بېشىنى لىڭشىتىپ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەيشىشى بېلىق، راكلاردىن:

— سىلەر ئۇچار بېلىق توپىنىڭ نەدىلىكىنى بىلەمسىلەر؟ بىز ئۇلارنى ئىزدىمەكچى ئىدۇق، — دەپ سوراپتۇ. بېلىق، راكلار باشلىرىنى چايقاپ:

— بىلمەيمىز، بۇ بىزنىڭ تۇنجى قېتىم ئۇچار بېلىقنى كۆرۈشىمىز، — دەپتۇ.



ۋاكاكا ئەيشىشنىڭ گېپىنى بۆلۈپ:

ــ ئۇلارغا سۆزلەپ ئاۋارا بولما، ئۇلار پەقەت ئىشنى بۇزۇشنىلا بىلىدۇ، بىز يەنىلا ئاسمانغا ئۇچۇپ ئۇچار بېلىقنى ئىزدەپ باقايلى، ــ دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ۋاكاكا بىلەن ئەيشىشى «قولىلىرىنى تۇتۇشۇپ» ئاسمانغا قاراپ ئۇچۇپتۇ. ۋاكاكا:

— قاناتلىرىمىزنى كەڭ يېيىپ ئېگىز ئۇچايلى، ۋاھ... — دەپ توۋلاپتۇ، ئەيشىشىمۇ:

— لاي، لاي لاي، مەن بولسام بىر شادىمان قۇش، ئاسمان مېنىڭ گۈزەل ئۆيۈم... — دەپ ناخشا ئېيتىپتۇ.



تويۇقسىز، ئالدى تەرەپتە بىر قارا سايە پەيدا بوپتۇ. ئەيشىشى چۆچۈپ، دەرھال ۋاكاكادىن:

— ئاكا، تېز قارا، ئاۋۇ نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئاپلا، چاتاق بولدى، بىر چوڭ قۇش بىزگە قاراپ ئۇچۇپ كېلىۋاتىدۇ، تېز! دەرھال سۇغا كىرىۋالايلى، — دەپتۇ ۋاكاكا.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ۋاكاكا بىلەن ئەيشىشى سۇغا كىرىشۋېلىشى بىلەن ھېلىقى چوڭ قۇش «ھوپ» قىلىپ ئۇلارنىڭ بېشىدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ئىككىيلەن قورقىنىدىن غال ـ غال تىترەپ كېتىپتۇ:

ـــ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق، تاسلا قالدى.

بۇ چاغدا، دەننى تاغا خىزمەت ئۆيىگە كىرىپ، ئاكا ـ سىڭىل ئىككىيلەننىڭ ئورۇندۇقتا «ھوشسىز ئۇخلاۋاتقانلىقىنى» بېشىدىكى كۆرسەتكۈچ چىراغنىڭ ۋالىلداپ يىنىپ تۇرغانلىقىنى، يىنىدىكى ماشىنىنىڭمۇ ھەرىكەن قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. دەننى تاغا بۇنىڭغا ھەيران قىلىپ:

— ماۋۇ ئىككى كەپسىزنى! — دەپتۇ.



دەننى تاغا ماشىنىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، مەشغۇلات قىلغاچ ئۆز - ئۆزىگە: «بۇ ماشىنىنى تېخى ياخشى تەڭشىمىگەن، مەن دەرھال ئامال قىلىپ ئۇلار خەتەرگە ئۇچراشتىن بۇرۇن، ئۇچۇرنى ئۇلارغا يەتكۈزۈپ بېرەي» دەپتۇ. بۇ ۋاقىتتا، ئۇ ئاكا - سىڭىل ئىككىيلەننىڭ جىددىيلىشىپ

— نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق، تاسلا قالدى، — دېگىنىنى ئاڭلاپتۇ.



www.uyghurkitap.com

## ئۇچار بېلىق



ئۇچار بېلىق بولسا دېڭىز - ئوكياننىڭ ئۈستۈنكى قىسمىدا ياشايدىغان بېلىق. ئۇلارنىڭ كۆكرەك پالاقچىسى ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان بولۇپ، قۇشلارنىڭ قانىتىغا ئوخشايدۇ. ئۇچار بېلىق دېڭىزدا ئىنتايىن تېز ئۈزىدۇ، ئەگەر سۇدىن چىقسا ھاۋا بوشلۇقىدىمۇ خېلى يىراق ئۇچالايدۇ. لېكىن، ئۇلار ئاسانلىقچە سۇدىن چىقمايدۇ. پەقەت دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندا ياكى ئەندىكىپ كەتكەن چاغدا، ئۇلار ئاندىن كارامىتىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى بىخەتەر ئەمەس بولۇپ، ھاۋا بوشلۇقىدا ئۇچقان چاغدا، دېڭىز قۇشى تۇتۇۋېلىشىمۇ ياكى ئارالغا چىقىپ قېلىپ، چوڭ تاشلارغا ئۇسۇۋېلىپ، ھاياتىدىن ئايرىلىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. يەنە ئۇلار بەزى ۋاقىتتا يول يۈرۈۋاتقان پاراخوتنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قېلىپ، ئادەملەرنىڭ تاماق ئۈستىلىدىكى مەززىلىك تائامغا ئايلىنىدۇ. بۇنداق ئەھۋال دائىم كېچىدە يۈز بېرىدۇ، چۈنكى ئۇچار بېلىقنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى كۈندۈزى ئىنتايىن ئۆتكۈر بولسىمۇ، كېچىدە دائىم قارىغۇلارچە ئۇچىدۇ.



## يىنكى قىسمىنىڭ مەزمۇنى

«تارتىنچاق سەقەنقۇر» ۋاكاكا ئاكا - سىڭىل ئېزىپ قالغاندىن كېيىن، ئەيشىشى ئازابلىنىپ قورقىنىدىن يىغلاپمۇ كېتىدۇ. ھېلىمۇ ياخشى بىر توپ بېلىق، راك دوستلىرى ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ ئاكىسىنى تېپىشىپ بېرىدۇ. كېيىن، ئۇلار بىر تارتىنچاق سەقەنقۇرغا ئۇچراپ قالىدۇ. كۆپچىلىك ئات يۈزلۈك، پاقا كۆزلۈك، پىلنىڭ خارتۇمىغا ئوخشاش قۇيرىقى بار بۇ «غەلىتە مەخلۇق»نى ئورۇۋېلىپ بەس - مۇنازىرە قىلىشىپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئۇلار كىچىك سەقەنقۇرنىڭ بېلىق ياكى ئەمەسلىكىنى بىلەلمەيدۇ، بۇنىڭغا كۆپچىلىكمۇ ئىنتايىن قىزىقىدۇ. كىچىك سەقەنقۇر نېمە ئۈچۈن دادىسىنىڭ بالا ئاسراش خالتىسىدىن «تۇغۇلىدۇ» ؟







www.uyghurkitap.com

بىلىم ـــــ قولىڭىز يېتىدىغانلا جايدا.

بۇ كىتاب سىزگە ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

بۇ كىتاب بالىلارنى ئىلىم - پەن قەسىرىگە باشلاپ بارىدۇ.






**مەجمۇئە نامى:** دوكتۇر ئانا سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىلەر

**كىتاب نامى:** ئۇچالايدىغان بېلىق

**تۈزگۈچى:** لى چېڭچېڭ

**تەرجىمە قىلغۇچى:** مارجان ئۆمەر

**مەسئۇل مۇھەررىرى:** دىلنۇر ئابدۇراخمان

**مەسئۇل كوررېكتورى:** گۈلباھار توختەم

**بەت ياسىغۇچى:** ئۈرۈمچى بىياۋگەنجى كىتاب لايىھەلەش چەكلىك شىركىتى

**نەشرىيات:** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى

شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى

**زاۋۇت:** شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى

**فورماتى:** 880mm × 1230mm    1/24

**باسما تاۋىقى:** 2

**نەشرى:** 2011 - يىلى 5 - ئاي 1 - نەشرى

**بېسىلىشى:** 2011 - يىلى 6 - ئاي 1 - بېسىلىشى

**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978-7-5469-1357-5

**ئومۇمىي باھاسى:** 58.00 يۈەن (جەمئىي ئون كىتاب)


5.80


ISBN 978-7-5469-1357-5

9 787546 913575 >

总定价：58.00 元（全十册）